پەيغەمبەر
ئارسلانلىرى

# زەيد ئىبنى سابىت

## ۋەھيى كاتىپى



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

زەيد ئىبنى سابىت ناھايىتى زېرەك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئۆزگىچە ئىنسان ئىدى. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. ئالتە ياشقا كىرگەندە دادىسى بۇئۇس ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كېتىپ، يېتىم قالدى. ئانىسى نەۋۋار بىنتى مالىك مېھىر – شەپقەت بىلەن باللىرىنى باغرىغا بېسىپ، ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشتى ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن باللىرىنىڭ دادىسىز چوڭ بولۇشىنى خالىماي، ئۇمارە ئىبنى ھەزم بىلەن توي قىلدى. ئۇمارە باللارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.



هىجرىيە ئىككىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن بەدرى ئۇرۇشىغا ھازىرلىنىش قايىنىمىغا چۆككەن ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا تېخى ئون ياشقا تولۇق كىرمىگەن قەھرىمان بالا بويى بىلەن تەڭ كەلگۈدەك قىلىچنى كۆتۈرۈپ قوشۇن تەرەپكە قاراپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ يېشىنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا قايتىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ قايغۇسىمۇ ئوغلىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشقا چىقىش نېمىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، قۇرئان يادلاش ۋە ئىلىم ئىگەللەش پۇرسىتىگە نائىل بولغانىدى.



ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ئىگەللەشكە بولغان قىزغىنلىقىنى ئانىسىغا دېۋىدى، ئانىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنى ئوقۇتۇش نىيىتىگە كەلدى. ئانىسى نەۋۋار قەۋمىدىكى بىر قانچە كىشىگە ئوغلىنىڭ بۇ نىيىتىنى يەتكۈزدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زەيدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ سۆيۈملۈك ئوغلىمىز ئاللاھنىڭ كىتابىدىن 17 سۈرىنى يادقا بىلىدۇ، ئۇ يەنە ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ خىزمىتىڭنى قىلىش ئارزۇسى بار ئىكەن» دېدى.



پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۇنىڭ يادقا ئالغان سۆرىلىرىدىن بىرقانچىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ئۇنى ئۆز ھوزۇرىدا ئېلىپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۇنىڭغا: «ئى زەيد! مەن ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنگىن! خەت – ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇلارغا تازا ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمەن» دېدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زەيد ئىبران تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى ۋە بىر ئايغىمۇ يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۇ تىلنى پۇختا ئۆگىنىپ بولدى.



پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام يەهۇدىيلارغا مەكتۇپ يوللىماقچى بولسا، ئۇ يېزىپ بېرەتتى ۋە ئۇلاردىن كەلگەن مەكتۇپلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. كېيىنچە ئۇ يەنە سۈريانى تىلىنىمۇ ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش يىگىت پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ئىشەنچلىك تەرجىمانى بولۇپ قالدى.

زەيىد قۇرئان ئۆگىنىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، بۇ ھەقتە تولىمۇ ئەستايىدىل ئىدى. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئارلىشىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ھەدىس يېزىشتىن قەتئىي يىراق تۇراتتى.



ئۇ داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا بولغاچقا، قۇرئان نازىل بولسا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى يېزىشقا بۇيرۇيتتى، ئۇ دەرھال يېزىۋالاتتى. پات — پات پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ يادلىۋالغان سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ توغرىلىقىنى كۈچلەندۈرەتتى. زەيد ئەستايىدىل ۋە ئىشەنچىلىكلىكى بىلەن ۋەھيى كاتىپىغا ئايلاندى. زەيد يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ۋەھيى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى تاپشۇردى. بۇ سەۋەپلىك ئۇ ۋە قەۋمى قۇرئان ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت كاتتا شەرەپكە نائىل بولدى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇھاجىرلار (كۆچمەن مۇسۇلمانلار) بىلەن ئەنسارلار (يەرلىك مۇسۇلمانلار) ئارىسىدا خەلىپە سايلاش ھەققىدە چوڭ تالاش -تارتىش يۈز بەرگەنىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ۋەھيى كاتىپى زەيد ئىبنى سابىت دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەنسارلارغا: «ئى ئەنسارلار! رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ئىدى، بىز ئۇنىڭغا ئەنسار بولغاندۇق. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خەلىپىسى مۇھاجىر بولىدۇ، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسىگە ئەنسار بولىمىز» دەپ ئەبۇ بەكرى سىددىقىقا بەيئەت قىلغان ۋە ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ خەلىپەڭلار، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار» دەپ ئۇلار ئارىسىدىكى دەتالاشنى بېسىقتۇرغان.



زەيد قۇرئان توپلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ قۇرئاننى ساھابىلەرنىڭ ئېغىزىدىن، خورما قوۋزاقلىرىدىن، تېرە پارچىلىرىدىن، قۇرام تاشلاردىن ۋە سۆڭەكلەردىن يىغىپ توپلىغان. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. ئوسمان ئىبنى ئەففان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇ قۇرئاندىن بىر نەچچە نۇسقا كۆپەيتىپ ھەرقايسى شەھەرلەرگە بىر نۇسقىدىن ئەۋەتكەن. ئاللاھ زەيدنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىزمىتى سەۋەبلىك قۇرئاننى تا بۈگۈنمىزگە قەدەر ساقلىغان.



سۆيۈملۈك دوستلار! سىلەرگە بىرقانچە گۈزەل تەۋسىيەلەرنى قىلاي.

ئۆزۈڭلارغا ۋە مىللىتىمىزگە پايدىلىق بولغان دىنى ۋە دۇنياۋى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈڭلار.

ئانا تىلىڭلارنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەن بىرگە باشقا ئاساسىي تىللارنىمۇ ياخشى ئۆگىنىڭلار.

بىرەر ياخشىلىققا باشلاپ قويغۇچى شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

دىنىمىزنىڭ تەرەققىياتى مۇجاھىدلارغا موھتاج بولغاندەك، ئالىم-ئۆلىمالارغىمۇ ئىنتايىن ئېھتىياجلىق.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى سابىتنى تەكلىپ قىلغان
مۇھىم ۋەزىپە قايسى؟ ئۇ بۇ ۋەزىپىگە نېمىشقا زەيدنى تاللىدى؟